سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

ئۈرۈمچىدە چىراغلار كۆزنى چاقنىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەندى

# تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ۋەتەنگە بەخت تىلىدى

مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۇنخۇا، رېن خۇا خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 20دە، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان ناخشا ساداسى ياڭرىشى بىلەن، كۆركەم يىپەك ئەتلەس ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن «ئۇچۇپ» ئۆتتى، شىداچياۋ ئەتراپىدىكى ئېگىز بىنالار تۇپىدىن ھاسىل بولغان غايەت زور كۆرۈنۈشكە تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان ئەڭ سەممىي تىلىكى — ۋەتىنىمىز ياشىسۇن! يېزىلغانىدى.

شەرق شاملى كەچتىكى ئېچىلغان گۈللەر، دەل ـ دەرەخلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى كېچە پەردىسىنى ئاچتى. مۇشۇ دەقىقىدە، رەڭگارەڭ چىراغ نۇرى خۇشسەننى كۆزنى چاقنىتىدىغان مەرۋايىتقا ئايلاندۇردى؛ شىداچياۋدا، قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ۋاقىت ۋە بوشلۇق گىرەلىشىپ كەتكەن ھەربىر جانلىق كۆرۈنۈشى ئەتراپتىكى ئېگىز قەۋەتلىك بىنالاردا ئاستا ـ ئاستا نامايان بولۇپ، «ۋەتىنىمىز ياشىسۇن» دېگەن خەتلەر ھەيۋەت بىلەن تەكرار كۆرۈنۈشكە باشلىدى؛ شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسى ئەتراپىدىكى 68 ئىمارەت كۆزنى قاماشتۇراتتى، ھەر مىللەت ئاممىسى شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى... ئۈرۈمچىدە چاقنىغان «ۋەتىنىمىز ياشىسۇن» باش تېمىسىدىكى چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى شانلىق تۈس بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاستىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلىپ، تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ پاك، ئوتتەك قىزىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.



ئۈرۈنى: 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى شىداچياۋدا چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى كۆرمەكتە.

□ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

شىداچياۋدا ئۆتكۈزۈلگەن «ۋەتەن بىلەن بىر رامكىدا» كۈيشەن پائالىيىتى 500گە يېقىن ھەر مىللەت ئاممىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. كۆپچىلىك بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى يۇلاڭلىتىپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو»نى ئېيتتى ھەم بەس ـ بەستە يان تېلېفونلىرىنى چىقىرىپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ كۆرۈنۈشىگە تەڭشەپ، ئېگىز كۆتۈردى، فوتوگراف بۇ ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. كىشىلەر توپى ئارىسىدا «ۋەتىنىمىز ياشىسۇن!» «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو!» دېگەن سادالار ياڭرىدى.

شياۋلۇگۇدا، دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەت بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ھەمدە ئادەتتىكى ئاممىا ۋەكىللىرىنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى ئىللىق «تەبەسسۇم تېمى»نى شەكىللەندۈرگەنىدى.

شىداچياۋدىكى قىزىل دولقۇن ئىچىدە، جۆچەك شەھىرىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئائىلىسىدىن كەلگەن جاڭ چاڭمىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»نى ئېيتتى. «مېنىڭ ئائىلە ئەزالىرىم ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، كۈنلىرىمىز قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن پەخىرلىنىمەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، بېيىشى، قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشمەن!»

ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش ئىدارىسى (مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى) شەھەر يورۇتۇشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سۇڭ يەنفېينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ قېتىمقى چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن. ئاساسلىق رايوندىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيەمۇ چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىرلىككە كېلىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، يىراقتىن ماسلىشىش، توختىماي ئۆزگىرىش ياساش ئۇنۇمىنى شەكىللەندۈرىدىكەن.

شۇ كۈنى سائەت 20دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات قانىلىنىڭ «شەرق ئىقلىمدا» پروگراممىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «ۋەتىنىمىز ياشىسۇن» باش تېمىسىدىكى چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى سەككىز مىنۇت بىۋاسىتە كۆرسىتىلدى.

بۈگۈن كەچتىكى ئۈرۈمچىدە رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ بەئەينى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئوخشىدى. بۈگۈن كەچتىكى ئۈرۈمچىدە ھەممە يەردە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىللىق ئېقىم تاردى. تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق تىلەك تىلىدى: ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىسۇن! ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولسۇن!

ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقە تورى ئۇچۇرى ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار

# قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇر تارقىتىشقا دائىر تىپىك دېلودىن ئالتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقە تورى ئۇچۇرى ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى پاش قىلىش يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، 23 ـ تۈركۈمدە توردا قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇر تارقىتىشقا دائىر تىپىك دېلودىن جەمئىي ئالتىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەم ئاشكارىلىدى. تەكشۈرۈلۈشىچە، ئالاقىدار دېلوغا چېتىشلىقلار ئالاقە تورى قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەمدە ساختا ئۇچۇر قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى يازما، سۈرەت، ئۈن ـ سىنلارنى تەرغىب قىلىپ، ساقلاپ، تارقىتىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش قانۇنى» «ئالاقە تورى ئۇچۇرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئالاقىدارلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

**1 ـ دېلو مىسالى:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تور ئەھلى س Xنىڭ تور ئالدامچىلىقى دېلوسى

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تور ئەھلى س X (ئايال، ئۇيغۇر، 24 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: ئىلى ئوبلاستىنىڭ غۇلجا ناھىيەسى)نىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق توردا ئىناۋەتلىك كارتا، قەرز پۇل بېجىرىشكە تاپشۇرىدىغان رەسمىيەت ھەققىنى باھانە قىلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى 70تىن ئارتۇق ئاممىنى ئالدىغانلىقىنى پاش قىلغان بولۇپ، دېلوغا چېتىشلىق سومما 120 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە س Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويىدى.

**2 ـ دېلو مىسالى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تور ئەھلى ي Xنىڭ تور ئالدامچىلىقى دېلوسى

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تور ئەھلى ي X (ئەر، قازاق، 29 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ فۇكاڭ شەھىرى)نىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا «ئالما» ماركىلىق يان تېلېفوننى سېتىشنى باھانە قىلىپ جېجياڭ ئۆلكىسى يىۋۇ شەھىرىدىكى تور ئەھلىنى ئالدىغانلىقىنى پاش قىلغان، دېلوغا چېتىشلىق سومما 3800 يۈەنگە يەتكەن. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ي Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويىدى.

**3 ـ دېلو مىسالى:** ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى ئېر Xنىڭ ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ساقلاش دېلوسى

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، تور ئەھلى ئېر X (ئەر، قازاق، 37 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي شەھىرى)نىڭ تېڭشۈن مىكرو بۇلۇتىدا ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان سۈرەت، يازما ئۇچۇرلارنى ساقلىغانلىقىنى پاش قىلغان، تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ئېر Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويىدى.

**4 ـ دېلو مىسالى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تور ئەھلى ۋۇ Xنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش دېلوسى

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تور ئەھلى ۋۇ X (ئايال، خەنزۇ، 47 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سانجى شەھىرى)نىڭ ئۈندىدار توپى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش سىياسىتىگە چېتىلىدىغان پىتنە ـ ئىغۋا ئۇچۇرى تارقاتقانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ۋۇ Xكە تەنقىد ـ تەربىيە بەردى ھەم جەرىمانە قويىدى.

**5 ـ دېلو مىسالى:** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى م Xنىڭ ئالاقە توردىن پايدىلىنىپ شەھۋانىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىش دېلوسى

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تور ئەھلى م X (ئەر، ئۇيغۇر، 27 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسى غوجا ئېرىق يېزىسى)نىڭ QQ توپى ئارقىلىق نۇرغۇن شەھۋانىي سىن ۋە پاھىشىۋاز چاقىرىش ئۇچۇرى تارقاتقانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە م Xنى مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويىدى ھەم جەرىمانە قويىدى.

**6 ـ دېلو مىسالى:** قومۇل شەھىرىدىكى تور ئەھلى چى Xنىڭ توردا شەھۋانىي بۇيۇملارنى سېتىپ، تارقىتىپ پايدا ئېلىش دېلوسى

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، تور ئەھلى چى X (ئەر، خەنزۇ، 32 ياش، قومۇل شەھىرىنىڭ ئىبىرغول رايونىدىن)نىڭ ئۈندىدار ئارقىلىق شەھۋانىي ئېلان تارقاتقانلىقىنى ھەم شەھۋانىي سۈرەت ۋە سىن سېتىپ قانۇنسىز پايدا ئالغانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە چى Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويىدى.

ئالاقە تورى ئۇچۇرى تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، تور بوشلۇقى قانۇن سىرتىدىكى جاي ئەمەس، ئالاقە توردا زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىيلىككە ئائىت ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، يازما، سۈرەت، ئۈن ـ سىنلارنى تەرغىب قىلغان، ساقلىغان، تارقاتقانلار؛ پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، قورال ـ ياراغ، تىزگىنلىنىدىغان تىغلىق ئەسۋابلارنى ياساشنى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆگەتكەنلەر ھەمدە ساختا ئۇچۇر، باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ تۆھمەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇندىكى يازما، سۈرەت، ئۈن ـ سىنلارنى تارقاتقانلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك يازما، سۈرەت، ئۈن ـ سىنلار بولسا ئۆزلۈكىدىن دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىش، يوقىتىش كېرەك، شەخسلەر ئۆچۈرۈش، يوقىتىشقا ئامال قىلالمىسا، ئۆز جايىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ماسلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. كەڭ تور ئەھلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئەمەل قىلىپ، مەدەنىي تورغا چىقىپ، قانۇن بويىچە تورغا چىقىپ، ساغلام، تەرتىپلىك ئالاقە تورى مۇھىتىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەڭ تور ئەھلىنىڭ توردىكى قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلىشنى قارشى ئالىمىز، پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ۋاقتىدا مۇكاپاتلىنىدۇ.

پاش قىلىش ئۇسۇلى:

تور ئادرېسى: www.xjwljb.com

تېلېفون نومۇرى: 2384777 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى:

xjwljb@xjts.cn

مىكرو بلوگ: @新疆网络举报

شىنجاڭ توردا پاش قىلىش

ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى:

新疆网络举报 شىنجاڭ توردا پاش قىلىش

ساقچىغا مەلۇم قىلىش، پاش قىلىش تېلېفونى: 110

قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلىش نومۇرى: 12110

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلاھاتتىن شەكىللەنگەن تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك قىلىش ئىقتىدار ئاساسىنى پۇختىلاپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلدى.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي سۈن جىنلۇڭ دوكلات بەردى ھەم سۆز قىلدى. بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى 7 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى.

ئومۇمىي يىغىن بىڭتۇەن پارتكومى 7 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈيى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى تايانچ قىلغان، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان، يۈكسەك تەشكىللەشكۈچى، ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچىگە ئىگە ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتى. لىيەندۈي بىڭتۇەننىڭ ئاساسىي تەشكىلىي بىرلىكى، لىيەندۈي ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، لىيەندۈي بىڭتۇەن چوڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، لىيەندۈي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم بازا، لىيەندۈي بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە، لىيەندۈي گۈللەنسە، بىڭتۇەن گۈللىنىدۇ، لىيەندۈي قۇدرەت تاپسا، بىڭتۇەن قۇدرەت تاپىدۇ. يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن «ئۈچ چوڭ فۇنكسىيە»سىنى ياخشى ئادا قىلىپ، «تۆت چوڭ رول»نى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جەزمەن لىيەندۈيدىن باشلاپ تۇتۇشى، لىيەندۈينى جەزمەن چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە، ئەڭ چوڭ نەتىجە شۇكى بىر تۈركۈم تۈزۈم شەكىللەندى. خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈيى قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈيى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئاممىا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن لىيەندۈيى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى» قاتارلىقلار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن پېڭ جيارۇي، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، ليۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، جاڭ يۈڭ، لى پېڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو قاتناشتى، كۆڭ شىڭلۇڭ «پىكىر (مۇزاكىرە نۇسخىسى)»غا ئىزاھات بەردى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)